# 312336 ـ قۇرئان كەرىمگە ئالاقىدار بولغان شەرەپلەر توغرىسىدا

## سۇئال

قۇرئان كەرىم مەككىدە بولۇپ، مەككە شەھەرلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولدى، رامىزان ئېيىدا نازىل بولۇپ، رامىزان ئېيى ئايلارنىڭ سۇلتانى بولدى، قەدىر كېچىسىدە نازىل بولۇپ، ئۇ كېچە مىڭ كېچىدىن ئەۋزەل بولدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى بولدى، جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئېلىپ چۈشۈپ بارلىق پەرىشتىلەرنىڭ خوجىسى بولدى دېگەن سۆز توغرىمۇ؟ بۇنى سەلەپ ئالىملىرىدىن بىرەرسى دېگەنمۇ؟، ھەقىقەتتە قۇرئان كەرىم ئاشۇلارنىڭ كاتتا بولىشىغا سەۋەپ بولغانمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن قۇرئان كەرىمنى بىر قانچە سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىدى، ئۇنىڭ بىرى: قۇرئان كىرىم غالىپ كىتاپتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِالذِّكْرِ لَمَّا جَاءَهُمْ وَإِنَّهُ لَكِتَابٌ عَزِيزٌ * لَا يَأْتِيهِ الْبَاطِلُ مِنْ بَيْنِ يَدَيْهِ وَلَا مِنْ خَلْفِهِ تَنْزِيلٌ مِنْ حَكِيمٍ حَمِيدٍ تەرجىمىسى: «شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار(قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ)، شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىب كىتابتۇر، ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.» [سۈرە پۇسسىلەت 41-42-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ تەرجىمىسى: «قاف. شەرەپلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن» [سۈرە قاپ 1-ئايەت].

بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن سۈپەتلەر بار.

قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلغان كىشى بۇنىڭ بىلەن ئىززەت، شان-شەرەپ ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدۇ، ئامىر ئىبنى ۋاسىلەدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە، ناپىئ ئىبنى ئابدۇلھارىس ئۇسپان دېگەن جايدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچراشتى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىشىنى مەككىگە ۋالى قىلغان ئىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناپىئتىن: "ۋادى ئەھلىگە كىمنى باشلىق قىلدىڭ؟دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ كىشى: ئىبنى ئەبزەنى دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئىبنى ئەبزە دېگەن كىم؟ دەپ سورىۋىدى: بىزنىڭ ئازاد گەردىلىرىمىزدىن بىرى دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇلارغا ئازاد قىلىنغان قۇلنى باشلىق قىلدىڭمۇ؟

دېيىدى، ئۇ كىشى: ئۇ ئاللاھنىڭ كىتابىنى ياخشى ئوقۇغۇچى، مىراس ئىلمىنى بەك بىلگۈچى دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن مۇشۇ كىتاب بىلەن بىر قەۋمنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ ۋە يەنە بىر قەۋمنىڭ مەرتىۋىسىنى تۆۋەن قىلىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى 817-ھەدىس].

سۆزنىڭ خۇلاسىسى: قۇرئانغا ئالاقىدار بولۇش، يېزىش، ياد قىلىش، تىلاۋەت قىلىش، بىلىش ۋە ئەمەل قىلىش قاتارلىق قايسى يول بىلەن بولسۇن، بۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئالاقىدار بولۇشتۇر. قۇرئان كەرىم بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئۇ كىشىگە نىسبەتەن ئىككى دۇنيادا شان-شەرەپ ۋە ئۈستۈنلۈك بولۇپ، بۇ شۇ كىشىنىڭ قۇرئانغا ئالاقىدار بولۇشى بويىچە بولىدۇ، ئاللاھ تائالا ھەر نەرسىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بېكىتتى.

قۇرئان كەرىمنىڭ مەككىدە نازىل بولۇشى، مەككىنىڭ ئاللاھنىڭ ھەرىمى بىلەن شەرەپلىك شەھەر بولۇشى، قۇرئان كەرىمنىڭ رامىزان ئېيىدا نازىل بولۇشى بىلەن ئۇ ئاينىڭ شەرەپلىك ئاي بولۇشى، قۇرئان كەرىمنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە نازىل بولۇشى بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان شەرەپ بىلەن يەنىمۇ شەرەپلىك بولۇشى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىن، ئاسماندىن قۇرئاننى ئېلىپ چۈشكەن ئىشەنچلىك پەرىشتە جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى ئېلىپ چۈشۈشى بىلەن يەنىمۇ شەرەپلىك بولۇشىدا بىزگە ھېچقانداق مۇشكۈل يوق، چۈنكى قۇرئان بولسا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھنىڭ كالامى بولغان ئەڭ شەرەپلىك سۆزدۇر!.

بۇ سۆزلەرنى دېگەن كىشىلەر خاتالاشقاندۇر: پەقەت مۇشۇلا شەرەپنىڭ سەۋەپلىرى ياكى قايسى يول بىلەن بولسۇن شەرەپنى ئاشۇ ئىشلارغىلا چەكلەپ قويۇش بىلمەستىن ئاللاھقا سۆز قىلغانلىق، شۇنداقلا ئېھتىياجسىز بىر تەكەللۇپتىن ئىبارەتتۇر.

يەنە بىر خاتالىق، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەر بىرلىرى ئۆچۈن شەرەپنىڭ باشلىنىشى قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن دەپ گۇمان قىلغۇچىنىڭ سۆزىدۇر. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشتىن بۇرۇنمۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتىدىغان ئەلچىسىدۇر.

مەككە بولسا ئاللاھنىڭ ھەرىمى بولغان، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنى بىنا قىلغان شەھەر بولۇپ، قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشتىن بۇرۇنمۇ مەككىنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا: ئادەم ئەۋلادلىرىنىڭ خوجىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسىدۇر.

ئاخىرىدا شۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئالاقىدار بولۇش بولسا شەرەپنىڭ سەۋەپلىرىدىندۇر، ھەر قانداق كىشى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يوللاردىن قايسى يول بىلەن بولسۇن ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئالاقىدار بولىدىكەن ئۇ كىشى شەرەپكە ئېرىشىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.